# ئىشقا ئورۇنلىشىش «تاماق قاچىسى» چىڭ تۇتۇلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۇزاق مۇددەتلىك ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئەمەلىيىتىدە، شىنجاڭلىقلار يەنە شۇنى بارغانسېرى تونۇپ يەتتىكى، تولۇق ئىشقا ئورۇنلىشىش نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى بولۇپلا قالماي، يەنە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ مۇستەھكەم ئۇل تېشى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ شىنجاڭلىقلارنىڭ قەلبىدىكى ئورنى بارغانسېرى مۇھىم بولماقتا. ئىشقا ئورۇنلىشىش مىليونلىغان ئائىلىگە، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ياخشى تۇرمۇشىغا چېتىلىدۇ.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئىستراتېگىيىسىنى يەنىمۇ بېيىتتى، راۋاجلاندۇردى. 2014 - يىلى 4 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ئەڭ مۇھىم، ئۇنى چىڭ تۇتۇش، ياخشى تۇتۇش كېرەك. تەرەققىياتنى تۇتۇش، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش ئارقىلىق، ئاممىنى قىلىدىغان ئىشى بولۇش، پۇل تاپالايدىغان بولۇش، ئۈمىدۋار بولۇش، كۈنلىرىنى بارغانسېرى ياخشى ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلاردا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئۈچ يىللىق يىرىك پىلانى» «شەھەر - بازارلاردىكى نۆل ئىشقا ئورۇنلاشقان ئائىلىلەرنى ھەرىكەت ھالىتىدە نۆللەشتۈرۈش» قاتارلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر قاتار تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغانلارغا تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت يارىتىپ بېرىپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىنى تېخىمۇ پۇختىلىدى، تېخىمۇ مۇقىملاشتۇردى.

## يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۇرمۇشنى ئۈمىدكە تولدۇردى

چوغدەك قىزىل پېچ ئېغىزى، ئېقىپ چىقىۋاتقان كالتسىي كاربىد، ئالدىراش ئىشلەۋاتقان پېچ ئىشچىسى. شىنجاڭ جۇڭتەي خىمىيە سانائەتى گۇرۇھى توقسۇن نېڭخۇا چەكلىك شىركىتىنىڭ كالتسىي كاربىد سېخىدا پېچ ئىشچىسى تۇراپ سوپۇر تەرتىپلىك مەشغۇلات قىلىۋاتاتتى.

تۇراپنىڭ ئۆيى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يامانيار يېزىسى مازار كەنتىدە. ئۈچ يىل ئىلگىرى ئاپتونوم رايوننىڭ يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ياخشى سىياسىتىنىڭ پايدىسىدا، ئۇ خوتۇنى بىلەن توقسۇن ناھىيىسىگە كېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى. بۈگۈنكى كۈندە ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ كىرىمىنى قوشقاندا، بىر ئايدا 10 مىڭ يۈەنگە يېقىنلىشىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۇراپنىڭ ئۆيىمۇ زامانىۋى تۈسكە كىردى، يېڭى ئۆيىنى بېزىدى، ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى، سافالار تولۇق بولدى، يەنە سۇ ئىسسىتقۇچمۇ ئورناتتى. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن يەنە توقسۇن ناھىيە بازىرىدىن بىرىيۈرۈش 80 نەچچە كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىنا ئۆيى سېتىۋېلىپ، شەھەرلىكلەردەك تۇرمۇش كەچۈردى.

يېزا - كەنتتىن شەھەرگىچە، دېھقاندىن ئىشچىغىچە، كېسەك ئۆيدىن ناھىيە بازىرىدىكى تۇرالغۇغىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش ياخشى سىياسىتى تۇراپ ئائىلىسىگە ئوخشاش نۇرغۇن يېزا ئائىلىلىرىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى.

ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن - يەتمىگەنلىكتە، مۇھىمى پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغا قاراش كېرەك. ئادەم كۆپ، يەر ئۈنۈمسىز بولۇش، بىر جاينىڭ سۇ، تۇپرىقى شۇ جاينىڭ كىشىلىرىنى باقالماسلىق ئىلگىرى ئۇزاقتىن بۇيان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېغىر نامرات رايونلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان چوڭ مەسىلە بولۇپ قالغان، شۇڭا نامرات ئاممىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ رېئال چارە ئىدى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىشنى ئاساس قىلغان تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يېڭى مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قەشقەر، خوتەندە ئۈچ يىلدا 100 مىڭ كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئۈچ يىلدا 100 مىڭ كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانى قاتارلىقلارنى يولغا قويدى. بىر تەرەپتىن، شىنجاڭنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورۇنلىرىنى ئېچىپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقاردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمگەك كۈچىجەملەشكەن كارخانىلارنى كىرگۈزۈپ، نامرات ئاھالىلەرنى ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

سىياسەتنىڭ پايدىسى خۇددى باھار شامىلى يۈزنى سىيپاپ ئۆتكەندەك، تېخىمۇ كۆپ نامرات ئائىلىلەرنى «بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشسا، پۈتۈن ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇلار ئىشىكى ئالدىدىكى كەنت قۇرغان زاۋۇت، نامراتلارنى يۆلەش سېخىدا ئىشقا ئورۇنلاشتى، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلار، ئاممىۋى مەنپەئەت ئىش ئورنى، قۇرۇلۇش ساھەسى قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ئىش ئورۇنلىرىدا ئىشقا ئورۇنلاشتى. مۇقىم خىزمەت، ئەمەلچىلىك كىرىم بولغانلىقتىن، ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرۈش ئاساسىغا ئىگە بولدى.

يانچۇقتا پۇل بار بولدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. «مەن كەنتتە بىر ئۆمۈر ياشىدىم، ھازىر كەنت ئاھالىلىرىدىن سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىدىغانلار كۆپەيدى، تاپاۋىتىمۇ كۆپەيدى، مودا كىيىنىپ، ياسىنىدىغان بولدى، نۇرغۇن كەنت ئاھالىسى پىكاپ سېتىۋالدى، بۇنى ئىلگىرى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتۇق. بەختىمىزگە يارىشا پارتىيىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى كەنتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى» دېدى كۇچا شەھىرىنىڭ ئالاقاغا بازىرى باغۋەن كەنتىدىكى 85 ياشلىق پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى جامال مەمەت ھاياجانلانغان ھالدا.

2014 - يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 2 مىليون 700 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى. ئىلگىرى ئاممىنىڭ تېخنىكا ماھارىتى كەمچىل ئىدى، ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن ئىدى، سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى خالىمايتتى، ھازىر ئاما ئاكتىپلىق بىلەن تەربىيىلەشكە قاتنىشىدىغان، ئاكتىپلىق بىلەن سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىدىغان بولدى، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاندى، تۇرمۇشمۇ بارغانسېرى ئۈمىدكە تولدى، كەسىپ ئارقىلىق كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلىش، كەسىپ ئارقىلىق كىشىلەرنى مۇقىم قىلىش، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

## ياردەم بېرىش - يۆلەش ئىش ئورنى تۇرمۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى

شارت، شارت، شارت... 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جېمنەي ناھىيىسى جيېۋن شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇش چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشچىسى سۇن شيۇفاڭ كوچىنى ئەستايىدىل سۈپۈرۈۋاتاتتى. «ئايلىق ئىش ھەققىم 2000 يۈەندىن ئاشىدۇ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتىلارنىڭ ھەممىسى بار» دېدى سۇن شيۇفاڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.

سۇن شيۇفاڭنىڭ ئاددىي سۆزلىرىدىن چىن كۆڭلىدىن مىننەتدار بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بۇلتۇر، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ خىزمەت ئىزدەشىگە توغرا كەلدى، قىزى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرەتتى، ئۇ ۋە ئېرى پارچە - پۇرات ئىش قىلىپ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايتتى. «ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بىز ئۇنىڭغا ئاممىۋى مەنپەئەت ئىش ئورنىنى تەۋسىيە قىلدۇق، بۇ يىل 1 - ئايدا رەسمىي ئىشقا چۈشتى» دېدى جېمنەي ناھىيىلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى چۈ شۇشيا.

بىر ئىش ئورنى بىر مۇقىم كىرىمدىن دېرەك بېرىدۇ، سۇن شيۇفاڭغا ئوخشاش مۇشۇنداق ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن خادىملارغا نىسبەتەن، بىر ئىش ئورنى ئائىلە تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇشتا، قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ «ئاساس»قا تولۇق كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغان خادىملار ۋە نۆل ئىشقا ئورۇنلاشقان ئائىلىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەرىكەت ھالىتىدە تىزىملاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «بىرگە بىر» ياردەم بېرىش - يۆلەشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، سىياسەت، ئىش ئورنى بويىچە ياردەم بېرىش ۋە ئىز قوغلاپ مۇلازىمەت قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئاممىۋى مەنپەئەت ئىش ئورنىنى كۆپەيتىشكە تايىنىپ، نۆل ئىشقا ئورۇنلاشقان ئائىلىلەردىكى ئىشسىزلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، «بىر ئائىلە بايقالسا، بىر ئائىلىنى بېكىتىش، بىر ئائىلىگە ياردەم بېرىش - يۆلەش، بىر ئائىلىنى مۇقىملاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ياردەم بېرىش ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغان خادىملارغا قارىتا ئالدىن يۆلەش ۋە ۋاقتىدا ياردەم بېرىشنى يولغا قويدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 2019 - يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغان خادىملاردىن 49 مىڭ 100 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشقان. بۇ يىلىنىڭ ئالدىنقى بەش ئېيىدا، شەھەر - بازارلاردىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغان خادىملاردىن 24 مىڭ 200 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشقان بولۇپ، يىللىق نىشان - ۋەزىپىنىڭ 60.57%ى ئورۇندالغان؛ نۆل ئىشقا ئورۇنلاشقان ئائىلىلەرنى 24 سائەت ئىچىدە ھەرىكەت ھالىتىدە نۆللەشتۈرۈش ھالىتى ساقلانغان.

«بىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا ياردەم بېرىش - يۆلەشنى چىڭ تۇتتۇق.» ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر راخمانجان داۋۇت مۇنداق دېدى: بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغان خادىملارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىش دائىرىسىگە ۋاقتىدا كىرگۈزۈپ، «بىر ئادەمگە بىر تەدبىر بولۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ئىز قوغلاپ مۇلازىمەت قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسەت، ئىش ئورنى ۋە مۇلازىمەتنىڭ ئادەمگىچە ئەمەلىيلىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، نۆل ئىشقا ئورۇنلاشقان ئائىلىلەرنى 24 سائەت ئىچىدە ھەرىكەت ھالىتىدە نۆللەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى.

قىلىدىغان ئىشى، مۇقىم كىرىمى بولسا، ئاممىنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولىدۇ. «يېقىندا ئوغلۇم خىزمەت تاپتى، قىزىم سىچۈەن تارانقۇ داشۆسىگە ئۆتتى، ياخشى ئىشلار كەينى - كەينىدىن ئۇلىشىپ كېلىپ، كۈنلىرىمىز بارغانسېرى ئۈمىدكە تولدى، ھازىر ھېچقانداق غېمىمىز يوق» دېدى سۇن شيۇفاڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.

## ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش كىشىلىك ھاياتنى تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇردى

بۇ يازلىق تەتىلدە ئەخمەتجان مەمەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئادەم قوبۇل قىلىش ئورنىنىڭ قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋېلىشتىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق ئىش يوق. ئەخمەتجان قەشقەر داشۆسىنىڭ ئېلېكتىر قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش كەسپىدە مۇشۇ قاراردا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئالىي مەكتەپنىڭ 4 - يىللىقىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇ كۆڭۈل قويۇپ خىزمەت ئىزدەشكە باشلىغانىدى.

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مىليونلىغان ئائىلىنىڭ تۇرمۇش ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقان ئارقا كۆرۈنۈشتە، ئاپتونوم رايونىمىز ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش پىلانى، ئاساسىي قاتلامدا ئۆسۈپ يېتىلىش پىلانى، «ئۆچكە ياردەم بېرىش، بىرنى يۆلەش» پىلانى قاتارلىقلارنى يولغا قويۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ھەر تەرەپلىمە ئىز قوغلاپ مۇلازىمەت قىلىش ۋە دەل جايىدا ياردەم بېرىش - يۆلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەرنى كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا، كارخانىلارغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ۋە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلىدى ۋە ئىلھاملاندۇردى.

بۇ يىل، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى مۇلازىمەت ئۇسۇلىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئالىي مەكتەپلەر، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر ۋە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىدىغان توردا تەكلىپ قىلىش سۇپىسىنى پائال قۇرۇپ، شىنجاڭ ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت تورى، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى تور بۇلۇتتا تەكلىپ قىلىش سۇپىسى قاتارلىقلارغا تايىنىپ، توردا خىزمەت ئىزدەش، تەكلىپ قىلىش مۇلازىمىتىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتتى.

مەكتەپنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، بۇ يىل 4 - ئايدا، ئەخمەتجان توردا دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى خوتەن توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتىگە قىسقىچە تەرجىمھالىنى يوللاپ، 7 - ئاينىڭ بېشىدا يېزىقچە، يۈزتۇرا ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى.

ئەخمەتجاننىڭ ئۆيى گۇما ناھىيىسىنىڭ چودا يېزىسى لەڭگەر كەنتىدە بولۇپ، ئاتا - ئانىسى دېھقانچىلىق قىلاتتى، ئىنى - سىڭىللىرى مەكتەپتە ئوقۇيتتى. «ئەخمەتجاننىڭ خىزمىتى بار بولدى، ئائىلىمىزنىڭ يەنە بىر مۇقىم كىرىمى كۆپەيدى» دېدى ئەخمەتجاننىڭ دادىسى مەمەت ئاۋۇت ناھايىتى مەمنۇن بولغان ھالدا.

بۇ يىل ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە يەسلىلەرگە 24 مىڭ ئوقۇتقۇچى قوبۇل قىلىندۇ، «ئۆچكە ياردەم بېرىش، بىرنى يۆلەش» بويىچە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەردىن 2000 كىشى قوبۇل قىلىندۇ، 100دىن ئارتۇق دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا 5000دىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەپ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى قوبۇل قىلدۇ ... بۇ يىلقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر بارلىق ئاماللار بىلەن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى مەخسۇس سىياسەت چىقاردى: بۇ يىل ۋە كېلەر يىلى ئىككى يىلدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك كەسپىي ئورۇنلار بوش قالغان ئىش ئورۇنلىرىغا 80%تىن تۆۋەن بولماسلىق نىسبىتى بويىچە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى مەخسۇس تەكلىپ قىلىدۇ.

دەۋر تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت ئېھتىياجىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان باشقۇرغۇچى، توردا ئۆگىنىش مۇلازىمەتچىسى قاتارلىق يېڭى كەسىپلەر ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى تېخىمۇ كۆپ تاللاش بىلەن تەمىنلىدى.

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ۋاڭ داۋېي شىنجاڭ «دەرھال ئۇچۇش» ئاۋىياتسىيە مودېلى ھەرىكىتىنى ھېس قىلىش سارىيىنىڭ تىرېنېرى بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان، ئاۋىياتسىيە مودېلى، چۈەنيۈجى ئايروپىلانى بويىچە تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. «جەمئىيەت ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنالىسام ھەم جەمئىيەت ئېھتىياجىغا يېقىندىن ئەگىشەلىسەم، تۇرمۇشۇم چوقۇم تېخىمۇ سۈپەتلىك بولىدۇ» دېدى ۋاڭ داۋېي.

كەسىپ سەھنىسىدە، ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان، چېھرىدە ئىشەنچ نۇرى چاقناپ تۇرغان ھەربىر ياش كىشىلىك ھايات ئارزۇسى ئۈچۈن جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلماقتا.

نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنىڭ ئىش ئورنى بار بولدى، ئىشقا ئورۇنلىشىش تۆۋەن چېكى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، قولدىكى «تاماق قاچىسى» مۇقىملاشتۇرۇلدى. تولۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ روھلاندۇرۇپ، گۈزەل تۇرمۇشقا تۇتىشىدىغان داغدام يولغا قەدەم قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

«8 - ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ شىنجاڭدا قانات يايدۇرغان ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش پائالىيەتلىرى جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى.» ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇزېي(شەھەرلىك ئىنقىلابىي تارىخ خاتىرە ئورۇنلىرىنى باشقۇرۇش مەركىزى)نىڭ كەسپ مەسئۇلى تۇرسۇن قېزىربېك مۇنداق دېدى: «جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرغانلىقىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى، ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاشقا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاساسىي مەقسىتىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىدىكەن، جۇڭگو خەلقى بۇنىڭغا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ. بىز 8 - ئارمىيەنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى خاتىرە سارىيىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى قېزىش، رەتلەش، تەشۋىق قىلىش، كۆرگەزمە قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشىمىز كېرەك».

«باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدا بەش جەھەتتىكى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم بەشكە ‹ھەرگىز قوشۇلماسلىق›نى تەنتەنىلىك جاكارلىدى، بۇ جاراڭلىق سادا كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالدى.» ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى سىياسەت، قانۇن - نىزام تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاۋ داڭجيې مۇنداق دېدى: «بىز ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۇلۇغ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، بىرلىك سەپ خىزمىتى كادىرلىرىنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، بىرلىك سەپتىن ئىبارەت بۇ ئەڭگۈشتەردىن ياخشى پايدىلىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى كەڭ بىرلىك سەپ ئەزالىرىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشىمىز كېرەك».

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ كۈرەشلەر ئىنسانلارنىڭ زامانىۋىلىشىش تارىخىي مۇساپىسىدىكى ئەڭ سەلتەنەتلىك سەھىپە» شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى ماركسىزم شۆبىۋەنى ئومۇمىي بايان ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ تاۋ مۇنداق دېدى: «ئالىي مەكتەپنىڭ ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرس ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەشتىن ئىبارەت تۈپ ۋەزىپىدە چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە تەربىيىسىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ھېكايىلىرىنى ياخشى سۆزلەپ، كەڭ ياش ئوقۇغۇچىلارنى ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتى، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىرادىسى، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ھەرىكىتىنى يېڭى دەۋردىكى ئارزۇغا ئىنتىلىش مۇساپىسىگە سىڭدۈرۈشكە يېتەكلەيمەن».

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ باش يېتەكچىسى، يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىسى خەنچە كەنتىنىڭ 1 - شۇجىسى ئىلھام ئەخەت مۇنداق دېدى: «جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچى جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش. بىز باش شۇجىنىڭ سۆزىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كەنت ئاھالىلىرىنى تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يېتەكلەيمىز».

سانجىنىڭ شەرقىدىكى بېيتا سەنشى شامال ئېلېكتىرنىڭ بىسمىنى ئاشۇرۇش توپلاش پونكىتى 220 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى نەق مەيدانىدا، دۆلەت ئېلېكتىر تورى سانجى توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى تۈر باشقۇرۇش مەركىزى 1 - تۈر بۆلۈمىنىڭ تۈر دىرېكتورى ۋاڭ كەيبې قەتئىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى: «ئېلېكتىر تورى قۇرۇلۇشچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كوللېكتىپنى يېتەكلەپ، قانچە خەۋپ - خەتەر بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەش روھى بىلەن، سان - سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا ئېلېكتىر تورى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ كۆپ پاكىز ئېنېرگىيە يەتكۈزۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن».

28 ياشلىق ۋاڭ رېنجۈن 2016 - يىلى داشۆنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، غەربىي قىسىم پىلانى پىدائىيسى سۈپىتىدە كەلپىن ناھىيىسىگە كېلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى ھەم بۇ يەردە يىلتىز تارتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «يېڭى دەۋردىكى بىر ياش بولۇش سۈپىتىم بىلەن، باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۇلۇغ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ، ئېغىر ۋەزىپىنى باتۇرلۇق بىلەن زىممەمگە ئېلىپ، ياشلىق باھارىمنى پارتىيە ۋە خەلق ئەڭ ئېھتىياجلىق جايدا پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرىمەن».

**(مۇخبىر جاڭ يەنفاڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار جيا چۈنشيا، مېھرىگۈل غوپۇر، جاۋ شيا، جاڭ جىلى، لياڭ لىخۇا)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)